# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ

# پەرمانى

## 216 ـ نومۇرلۇق

«‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاۋار سىزىقلىق كودىنى باشقۇرۇش چارىسى› قاتارلىق ھۆكۈمەتنىڭ 13 قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا قارار» 2020 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 94 ـ دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى، ھازىر بۇنى ئېلان قىلدىم، ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئىجرا قىلىنسۇن.

ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر

2020 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

# «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاۋار سىزىقلىق كودىنى باشقۇرۇش چارىسى» قاتارلىق ھۆكۈمەتنىڭ 13 قائىدىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا قارار

دۆلەتنىڭ قانۇنچىلىقىنىڭ بىردەكلىكىنى قوغداش، ھۆكۈمەت پەرمانىنىڭ راۋان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك قانۇن ۋە «گوۋۇيۈەننىڭ قىسمەن مەمۇرىي قانۇن قائىدىلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» (گوۋۇيۈەننىڭ 709 ـ، 710 ـ، 714 ـ نومۇرلۇق پەرمانى) غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېنىقلاش ئارقىلىق، تۆۋەندىكى ھۆكۈمەت قائىدىلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى.

1. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاۋار سىزىقلىق كودىنى باشقۇرۇش چارىسى»نىڭ 4 ـ ماددىسى، 5 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقى، 19 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقى، 20 ـ ماددىسى، 21 ـ ماددىسىدىكى «سۈپەت ـ تېخنىكا نازارەتچىلىكى تارماقلىرى»نى «بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

20 ـ ماددىنىڭ 2 ـ تارمىقىدىكى «سودا ـ سانائەت» دېگەن سۆز چىقىرىۋېتىلدى.

2. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش نىزامى› نى يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ 4 ـ ماددىسىنىڭ 3 ـ تارمىقى، 8 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقى، 15 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ، 2 ـ تارمىقى، 17 ـ ماددىسى، 19 ـ ماددىسى، 20 ـ ماددىسى، 21 ـ ماددىسى، 22 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقى، 24 ـ ماددىسىدىكى «خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى»نى «جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش تارماقلىرى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

9 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقى «ئاپتونوم رايونلۇق ھەم ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مەمۇرىي مەھكىمىلەر، شۇنداقلا تەبىئىي ئاپەت كۆپ، ئاسان يۈز بېرىدىغان جايلاردىكى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئاھالىنىڭ سانى ۋە تارقىلىشى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن، تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشقا ماس كېلىدىغان مەبلەغ، ماددىي ئەشيا كاپالەتلىك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاش ئامبىرىنى قۇرۇپ، زۆرۈر جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرى زاپىسىنى ساقلاش كېرەك؛ تەبىئىي ئاپەت كۆپ، ئاسان يۈز بېرىدىغان ھەم قاتنىشى قولايسىز يېزا (بازار)، كوچا باشقارمىلارنىڭ تەۋەسىدە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاش نۇقتىسىنى تەسىس قىلىشى كېرەك.» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

11 ـ ماددىسى «ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەبىئىي بايلىق، قاتناش ـ ترانسپورت، سۇچىلىق، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، ئورمانچىلىق ـ ئوتلاق، يەر تەۋرەش ۋە ھاۋارايى قاتارلىق تارماقلىرى تەبىئىي ئاپەتنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭدىن سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىپ، سىگنال ئۇچۇرىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ تەبىئىي ئاپەتكە جىددىي تاقابىل تۇرۇش ئومۇمىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتىغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتىگە ئەھۋالنى خەۋەرلەندۈرۈشى كېرەك.» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

22 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقى «ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش تارمىقى تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى يۆتكەش، تەقسىملەش ۋە ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشلىق ۋە ئەشيا زاپىسى تارمىقى تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاش، ئالماشتۇرۇش ۋە كۈندىلىك باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ھۆكۈمەت سېتىۋېلىش ۋە خېرىدار

چاقىرىش، خېرىدار چىقىش قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى ھەمدە مال تەمىنلىگۈچى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىنىشى، مال تەمىنلىگۈچى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشياسىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

3. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹كارخانىلارنىڭ دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى› نى يولغا قويۇش چارىسى»نىڭ 10 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقى «(2) مەبلەغ چىقارغۇچى كارخانىلارغا بەلگىلىمە بويىچە نازارەتچى ئەۋەتىش» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

30 ـ ماددا چىقىرىۋېتىلدى.

4. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىنى باھالاشنى باشقۇرۇش نىزامى›نى يولغا قويۇشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە»نىڭ 4 ـ ماددىسىنىڭ 2ـ تارمىقى «تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى، تەبىئىي بايلىق قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدە، يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىنى باھالاشقا ئائىت خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ.» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

7 ـ ماددىسى «يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىنى باھالاش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئورۇن قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرتنى ھازىرلاش ھەمدە قانۇندا بەلگىلىگەن دائىرىدە يەر تەۋرەش بىخەتەرلىكىنى باھالاش كەسپىنى ھۆددىگە ئېلىش كېرەك.» دەپ ئۆزگەرتىلدى

8 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقى چىقىرىۋېتىلدى.

12 ـ ماددىسىدىكى «مال باھاسى» «باھا»غا ئۆزگەرتىلدى.

5. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مېتېئورولوگىيەلىك ئاپەت سىگنال ئۇچۇرىنى ئېلان قىلىش ۋە تارقىتىش چارىسى» نىڭ 6 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدىكى «رادىيو، تېلېۋىزىيە، خەۋەرلىشىش، يېزا ئىگىلىكى، سۇچىلىق، قاتناش، زېمىن بايلىقى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار» «رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، خەۋەرلىشىش، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، سۇچىلىق، قاتناش ـ ترانسپورت، تەبىئىي بايلىق قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

7 ـ ماددىسىنىڭ 3 ـ تارمىقىدىكى «يېزا ئىگىلىكى» «يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

11 ـ ماددىسىدىكى «رادىيو، تېلېۋىزىيە، خەۋەرلىشىش، ئالاقە تورى قاتارلىق ئورۇنلار» «رادىيو، تېلېۋىزىيە، خەۋەرلىشىش، ئالاقە تورى قاتارلىق ۋاسىتىلەر» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

6. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھاۋارايىنى كۆزىتىش مۇھىتى ۋە ئەسلىھەلىرىنى قوغداش بەلگىلىمىسى»نىڭ 4 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقى ۋە 8ـ ماددىسىنىڭ 3 ـ تارمىقىدىكى «ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، خەلق ئاۋىياتسىيەسى، نېفىت قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار» «ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، ئورمانچىلىق ـ ئوتلاق، سۇچىلىق، خەلق ئاۋىياتسىيەسى، نېفىت قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

8 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقى «مېتېئورولوگىيە مەسئۇل تارمىقى ھاۋارايىنى كۆزىتىش مۇھىتى ۋە ئەسلىھەلىرىنى قوغداش دائىرىسى خەرىتىسىنى ئىشلەپچىقىرىشى ھەمدە تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى، تەبىئىي بايلىق (يېرىك پىلان) قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا يوللىشى كېرەك. تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات تارمىقى ھاۋارايىنى كۆزىتىش مۇھىتى ۋە ئەسلىھەلىرىنى قوغداش بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تۈر قىلىپ تۇرغۇزۇشنى تەستىقلىماسلىقى، تەبىئىي بايلىق (يېرىك پىلان) تارمىقى ئۇنىڭ يېرىك پىلانى ۋە قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىدىغان يېرىنى تەستىقلىماسلىقى كېرەك.» دەپ، 3 ـ تارمىقىدىكى «پىلان، قۇرۇلۇش، پىلانلاش، يەر قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل تارماقلار» «تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى، تەبىئىي بايلىق (يېرىك پىلان) قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل تارماقلار» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

9 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدىكى «پىلان، قۇرۇلۇش، پىلانلاش، يەر، مۇھىت ئاسراش، مېتېئورولوگىيە مەسئۇل تارمىقى» «تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى، تەبىئىي بايلىق (يېرىك پىلان)، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت،

مېتېئورولوگىيە مەسئۇل تارمىقى» دەپ ئۆزگەرتىلدى. 9 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدىكى «ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، خەلق ئاۋىياتسىيەسى، نېفىت قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارغا قاراشلىق مېتېئورولوگىيە ئىستانسا ـ پونكىتلىرىنىڭكىنى ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تارمىقى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە مەسئۇل تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.» چىقىرىۋېتىلدى.

10 ـ ماددىسى چىقىرىۋېتىلدى.

13 ـ ماددىسىدىكى «يەر باشقۇرۇش تارمىقى» «تەبىئىي بايلىق تارمىقى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

7. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ھاۋارايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش خىزمىتىنى باشقۇرۇش نىزامى› نى يولغا قويۇش چارىسى» نىڭ 5 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدىكى «تەرەققىيات ـ ئىسلاھات، مالىيە، ئىقتىساد ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش، ج خ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، مۇھىت ئاسراش، پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى قاتارلىق تارماقلار» «تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، مالىيە، سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش، ج خ، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، ئورمانچىلىق ـ ئوتلاق، سۇچىلىق، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى قاتارلىق تارماقلار» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

8 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدىكى «تەرەققىيات ـ ئىسلاھات، مالىيە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار» «تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، مالىيە، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، ئورمانچىلىق ـ ئوتلاق، سۇچىلىق، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

12 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدىكى «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش نازارەتچىلىكى تارمىقى» «جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش تارمىقى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

8. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹مېتېئورولوگىيەلىك ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش نىزامى›نى يولغا قويۇش چارىسى» نىڭ 4 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدىكى «زېمىن بايلىقى، دېھقانچىلىق، سۇچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى، قاتناش ـ ترانسپورت، مۇھىت ئاسراش، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، مائارىپ، پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى، ھاۋا قاتنىشىنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش قاتارلىق» «تەبىئىي بايلىق، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، سۇچىلىق، ئورمانچىلىق ـ ئوتلاق، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى، قاتناش ـ ترانسپورت، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، مائارىپ، پۇقرالار ئاۋىياتسىيەسى، ھاۋا بوشلۇقىنى باشقۇرۇش قاتارلىق» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

10 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدىكى «شەھەر ـ يېزا يەر پىلانى» «زېمىن بوشلۇقى يەر پىلانى» دەپ ئۆزگەرتىلدى؛ 2 ـ تارمىقى «مۇناسىۋەتلىك تارماقلار رايون، ۋادا يەر پىلانى، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، ئورمانچىلىق ـ ئوتلاق، سۇچىلىق، قاتناش ـ ترانسپورت، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت قاتارلىق مەخسۇس يەر پىلانلارنى تۈزۈشتە، مېتېئورولوگىيەلىك ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش يەر پىلانى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشى كېرەك.» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

11 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدىكى «شەھەر ـ يېزا يەر پىلانى»«زېمىن بوشلۇقى يەر پىلانى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

15 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدىكى «مېتېئورولوگىيە، جامائەت خەۋپسىزلىكى، خەلق ئىشلىرى، زېمىن بايلىقى، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى، سۇچىلىق، يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، مۇھىت ئاسراش، قاتناش ـ ترانسپورت، تۆمۈريول، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، خەۋەرلىشىشنى باشقۇرۇش قاتارلىق تارماقلار» «مېتېئورولوگىيە، جامائەت خەۋپسىزلىكى، خەلق ئىشلىرى، تەبىئىي بايلىق، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى، سۇچىلىق، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، ئورمانچىلىق ـ ئوتلاق، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، قاتناش ـ ترانسپورت، جىددىي ئىشلارغا

تـاقابىل تـۇرۇشنى بـاشقۇرۇش، تـۆمۈريول، ئـېلېكتىر ئـېنېرگىيەسى، خـەۋەرلىششنى بـاشقـۇرۇش ۋە ئــوت ئـۆچـۈرۈش ـ قـۇتقـۇزۇش ئـاپپاراتى قـاتارلىق ئـورۇنـلار» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

21 ـ ماددىسىدىكى «خەلق ئـىشلىرى، زېمـىن بـايلىقى، دېھقـانچىلىق، سۇچىلىق، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تـارماقلار» «تەبىئىي بايلىق، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، سۇچىلىق، جىددىي ئىشلارغا تـاقابىل تـۇرۇشنى باشقۇرۇش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

9. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بوران، قارا يامغۇر، قېلىن قار هـاۋارايى ئاپەتلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش چارىسى» نىڭ 6 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدىكى «قاتناش ـ تىرانسپورت (تاشيول، تـۆمۈريول، خـەلق ئـاۋىياتسىيەسى)، زېمـىن بـايلىقى، تـۇرالغۇ ۋە شـەھـەر ـ يـېزا قـۇرۇلۇشى، دېھقـانچىلىق، ئـورمانچىلىق، چـارۋىچىلـىق، جـامـائـەت خەۋپسىزلىكى (ئـوت ئـۆچۈرۈش)، بـىخەتەر ئـىشلەپچىقىرىشنى نـازارەت قـىلىش، خـەلق ئـىشلـىرى، خـەۋەرلىشش، رادىيـو ـ تـېلېۋىزىيە، سـاياهەت، مـائـارىپ، ئـىقتـىساد ۋە ئـۇچۇرلاشتۇرۇش، سـۇچىلىق، ئـېلـېكتـىر ئـېنېرگىيەسى، كــۆمۈرچىلىك قـاتـارلـىق مـۇناسىۋەتلىك تـارماقلار» «قـاتنـاش ـ تـىرانسپـورت (تـاشيـول، تـۆمـۈريـول، خـــەلق ئاۋىياتسىيەسى)، تەبىئىي بايلىق، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قـۇرۇلۇشى، يـېزا ئـىگىلىكى ـ يـېزا، ئـورمانچىلىق ـ ئـوتلاق، جـامائەت خـەۋپسىزلىكى، جـىددىي ئــىشلارغا تــاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش، خەلق ئىشلىرى، خـەۋەرلىشش، رادىيـو ـ تـېلېۋىزىيە، مـەدەنىيەت ۋە سـاياهـەت، مـائـارىپ، سانـائـەت ۋە ئـۇچـۇرلاشتـۇرۇش، سـۇچـىلـىق، ئـېلـېكتـىر ئـېنېرگىيەسى، كـۆمۈرچىلىك، ئـوت ئـۆچۈرۈش ـ قـۇتقۇزۇش قـاتارلىق مـۇناسىۋەتلىك تارماقلار» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

8 ـ ماددىسىدىكى «شەھەر ـ يېزا تەرەققىياتى يـىرىك پـىلانى» «زېمـىن بـوشلۇقى يىرىك پىلانى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

12 ـ ماددىسىدىكى «زېمىن بايلىقى» «تەبىئىي بايلىق» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

22 ـ مـاددىسىنىڭ 1 ـ تـارمىقىدىكى «تـۇرالغـۇ، شـەهـەر ـ يــېزا قـۇرۇلـۇشـى

تارماقلىرى» «تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى تارماقلىرى» دەپ ئۆزگەرتىلدى، «جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت ئۆچۈرۈش تارماقلىرى» «ئوت ئۆچۈرۈش ـ قۇتقۇزۇش ئاپپاراتلىرى» دەپ ئۆزگەرتىلدى؛ 2 ـ تارمىقىدىكى «دېھقانچىلىق» «يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا» دەپ ئۆزگەرتىلدى، «ئورمانچىلىق» «ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق» دەپ ئۆزگەرتىلدى؛ 3 ـ تارمىقىدىكى «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش، ئىقتىساد ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش، كۆمۈرچىلىك قاتارلىق تارماقلار» «جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش، سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش، كۆمۈرچىلىك قاتارلىق تارماقلار» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

24 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدىكى «تۇرالغۇ، شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى تارماقلىرى» «تۇرالغۇ ۋە شەھەر-يېزا قۇرۇلۇشى تارماقلىرى» دەپ ئۆزگەرتىلدى، «ئورمانچىلىق» «ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق» دەپ ئۆزگەرتىلدى؛ 3 ـ تارمىقىدىكى «كانلار، خەتەرلىك خىمىيەلىك بۇيۇم، پوجاڭزا، ساليوت قاتارلىقلار» «كانلار، خەتەرلىك بۇيۇملار قاتارلىقلار» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

26 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدىكى «دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق تارماقلىرى» «يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق تارماقلىرى» دەپ ئۆزگەرتىلدى؛ 3 ـ تارمىقىدىكى «بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى نازارەت قىلىش تارماقلىرى» «جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش، كۆمۈرچىلىك تارماقلىرى ئىش تەقسىماتى بويىچە» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

10. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئورمانلاردىكى كېسەللىك ۋە هاشارەتلەر زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش نىزامى› يولغا قويۇش چارىسى» نىڭ 3 ـ ماددىسى، 4 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقى، 5 ـ ماددىسى، 10 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقى، 11 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقى، 12 ـ ماددىسى، 14 ـ ماددىسى، 16 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقى، 17 ـ ماددىسى، 18 ـ ماددىسى، 21 ـ ماددىسى، 23 ـ ماددىسى، 26 ـ ماددىسى، 27 ـ ماددىسى، 34 ـ ماددىسىدىكى «ئورمانچىلىق مەمۇرىي

مەسئۇل تارمىقى» «ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.
13 ـ ماددىسىدىكى «ئورمانچىلىق مەسئۇل تارمىقى» «ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.
21 ـ ماددىسىدىكى «ئورمانچىلىق، خەلق ئاۋىياتسىيەسى، مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى» «ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق، خەلق ئاۋىياتسىيەسى، مېتېئورولوگىيە تارماقلىرى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.
26 ـ ماددىسىنىڭ 4 ـ تارمىقىدىكى «ئورمانچىلىق تارمىقى» «ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق تارمىقى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.
33 ـ ماددىسى «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى باشقۇرۇۋاتقان دەل ـ دەرەخ، ئۇنىڭ كېسەللىك ۋە ھاشارەتلەر زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش خىزمىتىنى بىڭتۇەن ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاقنى باشقۇرۇش تارمىقى مۇشۇ چارىگە بىنائەن ئىجرا قىلىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىلدى.
11. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىش نىزامى›نى يولغا قويۇش چارىسى» نىڭ 3 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقى، 4 ـ ماددىسى، 5 ـ ماددىسىنىڭ 3 ـ تارمىقى، 10 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقىدىكى «دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى» «يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.
5 ـ ماددىسىنىڭ 3 ـ تارمىقىدىكى «تەكرار ھەق ئېلىش» دېگەن مەزمۇن چىقىرىۋېتىلدى.
8 ـ ماددىسى چىقىرىۋېتىلدى.
12. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹داڭلىق مەنزىرە رايونلىرى نىزامى›نى يولغا قويۇش چارىسى» نىڭ 4 ـ ماددىسى، 6 ـ ماددىسى، 10 ـ ماددىسى، 23 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقى، 24 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقى، 26 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ

تارمقى، 33 ـ ماددىسى، 34 ـ ماددىسىدىكى «تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى» «ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

9 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقى، 2 ـ تارمىقىدىكى «ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، زېمىن بايلىقى، مۇھىت ئاسراش، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق، ساياھەت، دىن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە» «ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات، تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى، تەبىئىي بايلىق، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، سۇچىلىق، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت، دىن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

17 ـ ماددىسىدىكى «يەردىن پايدىلىنىش ئومۇمىي يىرىك پىلانى» «زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلانى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

24 ـ ماددىسىنىڭ 1 ـ تارمىقىدىكى «شەھەر ـ يېزا يىرىك پىلانى مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى» «تەبىئىي بايلىق (يىرىك پىلان) مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

13. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالتۇنتاغ دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي قوغدىلىدىغان رايوننى باشقۇرۇش چارىسى» نىڭ 4 ـ ماددىسىنىڭ 2 ـ تارمىقى» ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق مەمۇرىي مەسئۇل تارمىقى قوغدىلىدىغان رايوننىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكى ۋە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

6 ـ ماددىسىدىكى «مۇھىت ئاسراش، ئورمانچىلىق، جامائەت خەۋپسىزلىكى» «ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت، جامائەت خەۋپسىزلىكى» دەپ

ئۆزگەرتىلدى.

بۇ قارار ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاۋار سىزىقلىق كودىنى باشقۇرۇش چارىسى» قاتارلىق 13 قائىدىسى، مۇشۇ قارارغا ئاساسەن، بىر قىسىم يېزىق ۋە ماددىلىرىنىڭ تەرتىپلىرىگە مۇناسىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، قايتا ئېلان قىلىنىدۇ.